# «24 تارىخ» 24 سۇلالىنىڭ تارىخ كىتابى ئەمەس

جاۋ شۇيەن

مەن بۇ ماقالىدا، «24 تارىخ» 24 سۇلالىنىڭ تارىخىمۇ؟ «جەڭ خانلىقى تارىخى»نىڭ كونا نەشرىدە ئېيتىلغاندەك «تاڭ تەيزۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»نى ئۇ ئۆزى يېزىپ چىققانمۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆزەمنىڭ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن. فېئوداللىق جەمئىيەتتە «24 تارىخ» ھۆكۈمەت تەرىپىدىن «رەسمىي تارىخ» سۈپىتىدە بېكىتىلگەن. ئۇنىڭ نامى ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى، تارىخ كىتابلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ «ئۈچ تارىخ»، «10 تارىخ»، «13 تارىخ»، «17 تارىخ»، «21 تارىخ» دېگەن ناملاردىن ئۆزگىرىپ چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ خانىنىڭ 40 - يىلى «بەش دەۋرنىڭ كونا تارىخى» بۇيرۇق بويىچە «رەسمىي تارىخ» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن ئاندىن «24 تارىخ» دېگەن نام ئوتتۇرىغا چىققان.

«24 تارىخ» ئېلىمىز مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك تارىخىي يازما يادىكارلىق. ئۇ، 3.249 جىلد، تەخمىنەن 40 مىليون خەتلىك چوڭ ھەجىمدىكى گىگانت تارىخى كىتاب. بۇ گىگانت ئەسەر مىلادىدىن ئاۋۋالقى II ئەسىر (غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ۋۇدى خانى ليۇچې دەۋرى) دىن باشلىنىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ خانى دەۋرىگىچە بولغان 1900 يىلدىن كۆپ ۋاقىت ئىچىدە كەينى - كەينىدىن كىتاب بولۇپ يېزىلغان. ئۇنىڭدا «مىڭ سۇلالىسى يىمىرىلىشىدىن ئاۋۋالقى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي ئەھۋاللار» بىر قەدەر سىستېمىلىق ئەتراپلىق خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇ دۇنيادا ئىنتايىن ئاز كۆرىلىدۇ. سىماچەننىڭ «تارىخنامە» سى كېيىنكى ھەر قايسى دەۋرلەر تارىخىنى يېزىش ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەرگەن. «تارىخنامە» ئەڭ بۇرۇن يېزىلغان تارىخىي كىتابنىڭ بىر تۈرى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى، ئەڭ مۇھىمى خاتىرە، تەزكىرەلەرگە ئايرىپ كىتاب يېزىش ئۇسۇلى بويىچە يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، «خەن سۇلالىسى تارىخى» دىن كېيىنكى ھەر قايسى تارىخلار ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلدى. ئۇنىڭ تەھرىرلەش ئۇسۇلىمۇ، كېيىنكى تارىخىي كىتابلاردا تەقلىدى قوللىنىلدى. بۇنداق خاتىرە، تەزكىرەگە ئايرىپ كىتاب يېزىش ئۇسۇلى تارىخ يېزىش ئىلمىدا ئۆزگىچىلىككە ئىگە بىر خىل تارىخ يېزىش ئۇسۇلىدۇر. ئۇ، گەرچە شەكىلدە شەخسلەرنى مەركەز قىلغاندەك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەر قايسى تەرەپلەرمۇ نەزەرگە ئېلىنغان. «تەزكىرە»دىن باشقا يەنە يىل تەرتىپى بويىچە ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن.

«سالنامە»، قانۇن - تۈزۈملەر مەخسۇس خاتىرىلەنگەن «جىلد» ياكى تەپسىرات، تولۇقلىما خاتىرە. تەپسىرات، تەزكىرەلەردە تەپسىلىي بايان قىلغىلى بولمايدىغان «جەدۋەل» لەرمۇ بار. شۇنىڭ بىلەن خاتىرە، تەپسىرات، جەدۋەل، تەزكىرەلەر ئۆز - ئارا تولۇقلاپ خېلى مۇكەممەل بىر سىستېما شەكىللەندۈرۈپ مەلۇم بىر تارىخ دەۋرىنىڭ ئاساسى ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. بەزى تارىخلاردا جەدۋەل، تەپسىراتلار كام بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا خاتىرە - تەزكىرە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئىسمى جىسمىغا لايىق تەزكىرىگە ئايرىپ يېزىلغان كىتاب دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

ھالبۇكى، «24 تارىخ» 24 سۇلالىنىڭ تارىخى ئەمەس. بەزى كىتابلارنىڭ مەزمۇنى بىر - بىرىسىگە گىرەلىشىپ كەتكەن. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تارىخىي ئەھۋاللار (خەن ۋۇدىدىن ئىلگىرى) «تارىخنامە» دە، شۇنىڭدەك «خەن سۇلالىسى تارىخى» دىمۇ خاتىرىلەنگەن. كېيىنكىسى ئالدىنقىسى ئاساسىدا تولۇقلاپ يېزىلغان خالاس. يەنە مەسىلەن: «جەنۇبىي خانلىقلار تارىخى»دا جەنۇبىي سۇڭ، جەنۇبىي چى، لياڭ، چى خانلىقىنىڭ تارىخى ئومۇملاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىپ يېزىلغان. «شىمالىي خانلىقلار تارىخى» دا شىمالىي ۋېي، شىمالىي چى، جۇ خانلىقىنىڭ تارىخى ئومۇملاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىپ يېزىلغان. يەنە ئىككى كىتابتا بىر سۇلالە ياكى بىر دەۋرنىڭ تارىخى خاتىرىلەنگەن ئەھۋاللارمۇ بار. «تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تارىخى»، «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى»، «بەش دەۋرنىڭ كونا تارىخى»، «بەش دەۋرنىڭ يېڭى تارىخى» لىرىنى ئۇنىڭغا مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. مەيلى مەزمۇنى گىرەلەشتۇرۇپ يېزىلغان بولسۇن ياكى ئىككى كىتابتا بىر دەۋرنىڭ تارىخى يېزىلغان بولسۇن بۇلارنى ئاددىي ھالدا تەكرارلانغان دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بەلكى ئۆز - ئارا ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يېتىشسىزلىكىنى تولۇقلىغان. ھەر قايسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەپ قاراش كېرەك. بىز بۇ كىتابلاردىن پايدىلانغاندا ئۆز ئارا تولۇقلىشىمىز، بىرىسىگە ئېتىبار بېرىپ يەنە بىرىسىگە سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك.

---

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە 2 چاقلىق ھارۋا ئىشلىتىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلار ھازىر ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئاغدارما ھارۋا بىلەن ھازىرقى ئاغدارما ئاپتوموبىل شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش ئىكەنلىكى ھارۋىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە ماتورلۇق قاتناش ماشىنلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تەسىرىنىڭ كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يېزىلىش ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا «24 تارىخ» نى شەخسلەر يازغان ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: «تارىخنامە»، «خەن سۇلالىسى تارىخى»، «كېيىنكى خەن سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىقلارنى شەخسلەر يازغان. ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ كىملىكى ناھايىتى ئېنىق. ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان تارىخ كىتابلارغا كەلسەك ئەھۋال ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. بۇنداق ھۆكۈمەت كىتابى ئادەتتە، ۋەزىر ئەمەلدارلارنىڭ نازارەتچىلىكىدە يېزىلغان. كىتاب يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، قائىدە بويىچە كىتاب يېزىشقا نازارەتچىلىك قىلغان ۋەزىر ياكى ئەمەلدارلارنىڭ كۆزىدىن كەچۈرۈپ چىقىشقا سۇنۇلغان. شۇڭلاشقا ئۇلار كۆپ ھاللاردا شۇ كىتابنىڭ ئاپتورى بولۇپ قالغان، ئەمەلىيەتتە كىتاب يېزىشقا نازارەت قىلغانلارنىڭ بىر مۇنچىسى كىتاب يېزىشقا ھېچقانچە ئەجىر سىڭدۇرمىگەن. مەسىلەن: «تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تارىخى» نى ئوردىغا سۇنغان ليۇشۈن، سۇڭ، لياڭ، جىن دىن ئىبارەت ئۈچ خانلىقنىڭ تارىخىنى ئوردىغا سۇنغان توتو قاتارلىق كىشىلەرنىڭ بۇ كىتابلارنى يېزىشقا ئالاقىسى يوق دېيەرلىك. ئامما، بۇ ساھەدە مەلۇم خىزمەت ئىشلىگۈچىلەرمۇ بولغان. «سۇي سۇلالىسى تارىخى» نى يېزىش خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلغان ۋېي جىڭ بەزى تارىخىي ماقالىلەرنى يازغان. كىتابتىكى «ۋېي جىڭنىڭ سۆزى» لىرىنى ئۇ ئۆز قولى بىلەن يازغان. «جىڭ خانلىقى تارىخى» ئىلگىرى دەرۋەقە «تاڭ تەيزۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» دەپ ئاتالغان. تاڭ تەيزۇڭدەك فېئودال پادىشاھنىڭ ئۆز قولى بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ مانا مۇشۇنداق مىليون خەتتىن ئارتۇق زور ھەجىمدىكى تارىخنى يېزىپ چىقالىشى مۇمكىنمۇ؟ ئەسلىدە «تاڭ تەيزۇڭ شۈەندى (سىمايى) توغرىسىدا خاتىرە، ۋۇدى (سىمايەن) توغرىسىدا خاتىرە، لۇجى تەزكىرىسى، ۋاڭ شىجى تەزكىرىسى قاتارلىق تارىخىي ماقالىلەرنى يازغانلىقى ئۈچۈنلا كىتابنىڭ ئاپتورى بولۇپ قالغان. شۇڭا كىتابتا پەقەت شۇ تۆت پارچە ماقالىنىڭ بېشىغىلا 制 دېگەن خەت يېزىلىپ «تارىخ ئەمەلدارلىرىنىڭ سۆزى» دېيىلمەسلىكى مۇشۇ سەۋەبتىن بولغان. كىتابنىڭ يېڭى نۇسخىسىدا ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن «تاللانما ئەسەرلەر» دېيىلمەستىن، فاڭ شۈەنلىڭ قاتارلىقلار يازغان دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

يەنە بەزىلەر مەلۇم تارىخ ئەسەرلەرگە ئىنزاھ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئاپتور بىلەن ئوخشاش مۇھىم ئورۇن ئىگەللىگەن. بۇنىڭغا «ئۈچ دۆلەت ھەققىدە تەپسىرات» قا ئىنزاھ بەرگەن پېي جۇڭنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە

بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىزاھ بېرىش ئۇسۇلى ئادەتتىكى ئىزاھ بېرىشكە ئوخشىمايدۇ. ئۇ، خەتلەرنى ئىزاھلاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى زور مىقداردىكى تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق كىتابنى تولۇقلىغان. كىتابتىكى خې جۇنىڭ ئىزاھاتى، مەيلى سان جەھەتتىن بولسۇن ياكى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ سۈپىتى جەھەتتىن بولسۇن، چېن شۇنىڭ ئەسلى تېكىستىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن. ئۇ پايدىلانغان ۋېي، جىن خانلىقلىرى دەۋرىگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار ئىككى يۈز خىلدىن كام ئەمەس. بۇ كىتابلار تاڭ، سۇڭ، سۇلالىلىرىدىن كېيىن، ئارقا ـ ئارقىدىن يۇتۇپ كەتكەن. بۇگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى تاپقىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ، بىزنىڭ ئۈچ دۆلەت خانلىقى دەۋرىدىكى تارىخنى تەتقىق قىلىشىمىزدىكى مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ قالدى.

تارىخىي مىراسلارغا تەنقىدى ئاساستا ۋارىسلىق قىلىپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن كەڭ تارىخ ئىلمىي خادىملىرى 1958 ـ يىلدىن 1978 ـ يىلغىچە بولغان 20 يىلدا «24 تارىخ» نى رەتلەپ، سېلىشتۇرۇش خىزمىتىنى تاماملىدى ھەمدە ئۇلارنى جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسىدىن نەشر قىلدى. «24 تارىخ» نىڭ بۇ يېڭى نۇسخىسى تارىخ تەتقىقات خىزمەتچىلىرى، ئۈچۈن ئىنتايىن زور ئاسانچىلىق يارىتىپ بەردى.

رەخمە روزى تەرجىمىسى